پۈتۈن پارتىيەدىكىلەر چوقۇم باشتىن - ئاخىر ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، يېڭى دەۋردە پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى كېرەك

(بېشى 1 - بەتتە)

مەيلى ئۆگىنىشلىق ياكى ئۆگىنىشسىز ئەھۋالدا بولسۇن، پارتىيەمىز جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچنى باشتىن - ئاخىر چىڭ ساقلاپ، ھەققانىيەت يولىدىن قايتماي بۇ نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلىگەن، شۇ ئارقىلىق خەلقنىڭ چىن قەلبتىن ھىمايە قىلىشى ۋە قەتئىي قوللىشىغا ئېرىشكەن. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يېڭى دەۋرگە كىردى، بىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تارىختىكى ھەرقانداق مەزگىلگە قارىغاندا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇق، تېخىمۇ ئىشەنچىمىز ۋە ئىقتىدارىمىز بار. بىز ھەرگىزمۇ ئالقىش، ماختاش سادالىرى ئىچىدە ئىنقىلابىي روھ ۋە كۈرەش ئىرادىمىزنى يوقىتىپ قويماسلىقىمىز، پەيدىنپەي ھازىرقى ئەھۋالدىن قانائەتلىنىش، ئالغا ئىنتىلمەسلىك، راھەت - پاراغەتكە بېرىلىش ھالىتىگە پېتىپ قالماسلىقىمىز، بەلكى پاراخوت ئوتتۇرا ئېقىمغا بارغاندا دولقۇننىڭ تېخىمۇ كۈچىيىدىغانلىقىنى، ئادەم يېرىم يولغا بارغاندا ئىلگىرىلەشنىڭ تېخىمۇ قىيىنلىشىدىغانلىقىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مەڭگۈلۈك تېمىسى قىلىشىمىز، بارلىق پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئۆمۈرلۈك تېمىسى قىلىشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۇنداق ئاسان ئىش ئەمەس، چوقۇم كۈچلۈك بولغان ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى بولۇش كېرەك. بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، پارتىيەمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقىنىغىمۇ 70 يىل بولدى. شۇنى كۆرۈش كېرەككى، ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش شارائىتىدا پارتىيەنىڭ ئىلغارلىقىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان، پارتىيەنىڭ ساپلىقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك ئامىللار ھەر ۋاقىت مەۋجۇت، ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچقا خىلاپ بولغان، پارتىيەنىڭ ئۇلىنى تەۋرىتىدىغان تۈرلۈك خەۋپ - خەتەر ھەممىلا جايدا مەۋجۇت، «تۆت چوڭ سىناق»، «تۆت خىل خەۋپ - خەتەر» يەنىلا مۇرەككەپ، كەسكىن، ئەگەر قاتتىق ئالدى ئېلىنمىسا، ۋاقتىدا تۈزىتىلمىسە، ۋاقىتنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ جۇغلانغان ناچار ئىدىيە، ناچار ئىستىلنى ئۆزگەرتىش تەسكە توختاپ، كىچىك مەسىلە چوڭ مەسىلىگە ئايلىنىدۇ، كىچىك تۆشۈكچە چوڭ گۇمۇرۇلۇشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشتا ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق، ھەرگىزمۇ بىرئاز توختىۋېلىش، ئارام ئېلىۋېلىش ئويىدا بولۇشقا بولمايدۇ. ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشنى پۈتۈن پارتىيەنىڭ ئورتاق تىرىشىشىغا تايىنىپ ئىشقا ئاشۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، ھەربىر پارتىيە ئەزاسى، كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلاردا چوقۇم ھەر ۋاقىت پارتىيەنىڭ غېمىنى يېيىش، پارتىيەگە مەسئۇل بولۇش، پارتىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىرادىسى بولۇشى، بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىگە پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئاتلىنىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ماركسىزم بىزنىڭ ئوبيېكتىپ دۇنيا ۋە سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئۆتكۈر ئىدىيەۋى قورال. پارتىيەمىز ماركسىزمنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش مۇساپىسىدە، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ماۋ زېدۇڭ ئىدىيەسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيەسى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيەسى، ئىلمىي تەرەققىيات قارىشى، يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىجتىمائىي ئىنقىلاب ۋە ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنى قۇدرەتلىك ئىدىيەۋى قورال بىلەن تەمىنلىدى. پارتىيەمىز ماركسىزملىق پارتىيە قۇرۇش تەلىماتىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش توغرىسىدىكى مول ئىدىيە نەتىجىلىرىنى شەكىللەندۈردى، مەسىلەن، غايە - ئېتىقادنى چىڭىتىش، پارتىيەۋىلىك جەھەتتە تەربىيەلىنىشنى كۈچەيتىش، پارتىيەنى قاتتىق باشقۇرۇش، پارتىيەنى قاتتىق ئىدارە قىلىش، پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇشنى چىڭىتىش، دائىملىق تەربىيە بىلەن مەركەزلىك تەربىيەنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى قانات يايدۇرۇشقا جۈرئەت قىلىش، پارتىيە ئىچىدىكى نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىش، خەلقنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىش، ئۈزلۈكسىز ھالدا پارتىيەنىڭ ئىدىيەسىنى ساپلاشتۇرۇش، پارتىيەنىڭ تەشكىلاتىنى ساپلاشتۇرۇش، پارتىيەنىڭ ئىستىلىنى ساپلاشتۇرۇش، پارتىيەنىڭ تېنىنى ساپلاشتۇرۇش قاتارلىقلار. بۇلارنىڭ ھەممىسى پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم تەجرىبە، بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىدە ئۇنىڭدىن تولۇق پايدىلىنىش ۋە ئۇنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتا ئاچقۇچ مەسىلىلەرگە توغرا قاراش ئاڭلىقلىقى ۋە پىچاقنىڭ بىسىنى ئۆزىگە قارىتىش جاسارىتى بولۇشتا. مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، مەسىلىنى ھەققىي، ئەمەلىي ھەل قىلىش كېرەك. بۇ قېتىمقى باش تېما تەربىيەسىدە كۆرسىتىلگەن سەككىز جەھەتتىكى گەۋدىلىك مەسىلىنىڭ ھەممىسى پارتىيەنىڭ ئۇلىنى تەۋرىتىشى، پارتىيە ئىشلىرىغا توسالغۇ بولۇشى مۇمكىن بولغان مەسىلىلەردۇر، جەزمەن تەلتۆكۈس ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى بىلەن ھەل قىلىش كېرەك. پارتىيە ئىچىدىكى بەزى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى خەلق ئاممىسى ھەممە ناھايىتى ئېنىق كۆرۈپ تۇرىدۇ. پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئەسلى مەقسىتىنىڭ ئۆزگەرگەن - ئۆزگەرمىگەنلىكى، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلىغان - ساقلىمىغانلىقىنى ئامما باھالايدۇ، ئەمەلىيەت تەكشۈرىدۇ. بىز ئىشىكنى ئېچىۋېلىپ تۇرۇپ ئۆزىمىز ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلماي، بەلكى خەلق ئاممىسىنىڭ پىكرىنى كۆپرەك ئاڭلىشىمىز، خەلق ئاممىسىنىڭ نازارىتىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئۆزىنى ساپلاشتۇرۇش، ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئۆزىنى يېڭىلاش، ئۆزىنى يۈكسەلدۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە قوشۇنىنى ئۈزلۈكسىز ساپلاشتۇرۇپ، پارتىيە تېنىنىڭ ساغلاملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك؛ كەمتۈكلۈكلەرنى تولۇقلاش، ئاجىز تۈرلەرنى كۈچەيتىش، ئاساسنى پۇختىلاش، مەنبەدىن ئالدىنى ئېلىش، بىخ ھالىتىدە تۈزەش، باش كۆتۈرگەن ھامان زەربە بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، تۈزۈمدىكى يوچۇقلارنى ئېتىپ، نازارەت قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك؛ نەزەرىيەدە يېڭىلىق يارىتىش، ئەمەلىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش، تۈزۈمدە يېڭىلىق يارىتىش، مەدەنىيەتتە يېڭىلىق يارىتىش ھەمدە ھەرقايسى جەھەتلەردە يېڭىلىق يارىتىشنى ئالغا سىلجىتىشقا جۈرئەت قىلىپ، كونىنىڭ ئورنىغا يېڭىنى دەسسىتىش ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز كەلگۈسىنى ئېچىش كېرەك؛ ئاڭلىق ھالدا كىتابتىن ئۆگىنىپ، ئەمەلىيەتتىن ئۆگىنىپ، خەلق ئاممىسىدىن ئۆگىنىپ، پارتىيەۋىلىك جەھەتتە چېنىقىش ۋە سىياسىي جەھەتتە چېنىقىشنى كۈچەيتىپ، سىياسىي مەنزىل، ئىدىيە مەنزىلى، ئەخلاق مەنزىلىنى ئۈزلۈكسىز يۈكسەلدۈرۈپ، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ماھارىتىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان يۇقىرى ساپالىق كەسپلەشكەن كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: ئەسلى مەقسەت ۋە بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پارتىيەنىڭ ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشتا، پارتىيەنىڭ مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش بىلەن پارتىيە ئىچىدىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار پارتىيە رەھبەرلىكىنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى تەۋرىتىدىغان، پارتىيەنىڭ سىياسىي ئىنتىزامى ۋە سىياسىي قائىدىسىگە خىلاپلىق قىلىدىغان بارلىق قىلمىشلار بىلەن كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، پارتىيە ئىچىدە ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى قەتئىي يېڭىشى كېرەك. توغرا يولدا چىڭ تۇرۇش بىلەن يېڭىلىق يارىتىشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك، پارتىيەنىڭ خاراكتېرى، ئاساسىي مەقسىتى، غايە - ئېتىقادى، ئەسلى مەقسىتى، بۇرچنى قەتئىي ساقلاشتا تەۋرەنمەسلىك كېرەك، شۇنىڭ بىلەن بىللە، يېڭى ئىدىيە، پىكىر يولى، چارە، ۋاستە ئارقىلىق پارتىيە ئىچىدە ساقلانغان تۈرلۈك زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك. قاتتىق باشقۇرۇش بىلەن كۆيۈنۈشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك، نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بەزى كىشىلەرنىڭ قالايمىقان ئىش قىلىدىغان قول - پۇتىنى چۈشەپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئالىدىغان، نەتىجە يارىتىدىغان، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىدىغان قول - پۇتىنى قويۇپ بېرىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئاكتىپلىقى، تەشەببۇسكارلىقى، ئىجادچانلىقىنى تولۇق قوزغاپ، يېڭى دەۋردە توھپە يارىتىدىغان، تىرىشىپ يېڭى نەتىجە يارىتىدىغان قويۇق كەيپىيات ۋە جانلىق ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. تەشكىل تۈرتكە بولۇش بىلەن شەخسلەر تەشەببۇسكار بولۇشنىڭ بىرلىكىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك، ھەم ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ قاتتىق تەلەپ قويۇش، قاتتىق تەربىيەلەش، قاتتىق باشقۇرۇش، قاتتىق نازارەت قىلىشىغا تايىنىپ، ھەم كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۆزىنى تەكشۈرۈپ كۆزىتىشىگە، بەدىنىدىكى سىياسىي چاڭ - توزانلارنى تازىلىشىغا تايىنىپ، سىياسىي ئىممۇنىتېت كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشتا ئاچقۇچ پارتىيەنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرى، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىدا. رەھبىرىي كادىرلار يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرگە ئۈلگە بولۇپ، باشلامچىلىق بىلەن يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشى، باشلامچىلىق بىلەن «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشى، باشلامچىلىق بىلەن ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلىشى، باشلامچىلىق بىلەن تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد قىلىش قورالىدىن پايدىلىنىشى، باشلامچىلىق بىلەن ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، خاتالىقنى تۈزىتىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ 9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك «خەلق رازى بولغان مەمۇر»لار ۋە «خەلق رازى بولغان مەمۇرلار كوللېكتىپى» بولۇپ تەقدىرلەنگەنلەر ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى چېن شى كۆرۈشۈشكە قاتناشتى ھەم تەقدىرلەش يىغىنىدا سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى: مەمۇرلار كادىرلار قوشۇنىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ تايانچ كۈچى. كەڭ مەمۇرلار تەقدىرلەنگەن ئىلغار شەخسلەر ۋە كوللېكتىپلاردىن ئۆگىنىپ، ئاڭلىق ھالدا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ قەتئىي ئېتىقادچىلىرى، سادىق ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈچىلىرى بولۇپ، ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، دەۋرگە يۈز كېلەلەيدىغان، خەلققە يۈز كېلەلەيدىغان، تارىخقا يۈز كېلەلەيدىغان نەتىجىلىرى بىلەن «خەلق رازى» دېگەن بۇ ئالىي ھەم مۇقەددەس شەرەپنى تېخىمۇ جۇلالاندۇرۇشى كېرەك.

9 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك «خەلق رازى بولغان مەمۇر»لار ۋە «خەلق رازى بولغان مەمۇرلار كوللېكتىپى»نى باھالاپ تەقدىرلەش پائالىيىتىنى مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى، مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى تەشكىللىگەن. يىغىندا 192 «خەلق رازى بولغان مەمۇر» ۋە 98 «خەلق رازى بولغان مەمۇرلار كوللېكتىپى» تەقدىرلەندى. شاڭخەي شەھىرى پۇدۇڭ يېڭى رايونى بازار نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ 3 - دەرىجىلىك يۇقىرى دەرىجىلىك باشقۇرغۇچىسى شۇ مىن، شەندۇڭ ئۆلكىسى جىنەن شەھەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى ئالاھىدە ساقچى تارماق ئەترىتى مەشىق باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى جاڭ باۋگو، خېنەن ئۆلكىلىك ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ باۋتېڭ ناھىيەسى جىياماۋ بازىرىنىڭ گۇگۇڭ كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 - شۇجى سۈي ياۋدا، جۇڭگونىڭ ئافغانىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى لىيۇ جىڭسۇڭدىن ئىبارەت مۇكاپاتقا ئېرىشكەن تۆت ۋەكىل ئايرىم - ئايرىم ھالدا يىغىندا سۆز قىلدى.

دىڭ شۆشياڭ، خۇاڭ كۈنمىڭ كۆرۈشۈشكە قاتناشتى.

شى جىنپىڭ جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنى نەتىجىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ماسلاشتۇرغۇچىلار يىغىنىغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

(بېشى 1 - بەتتە)

قول تۇتۇشۇپ مەسئۇلىيەتنى ئورتاق زىممىگە ئالىدىغان، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان، بەختتىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان، مەدەنىيەتنى ئورتاق گۈللەندۈرىدىغان، خەۋپسىزلىكنى ئورتاق يارىتىدىغان، ئىناق ئۆتۈپ ئورتاق ياشايدىغان جۇڭگو - ئافرىقا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىپ، جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىقىدىكى «سەككىز چوڭ ھەرىكەت»نى ئورتاق يولغا قويۇپ، جۇڭگو - ئافرىقا مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى ئۇلۇغۋار پىلان تۈزدى. مەن خۇشاللىق بىلەن شۇنى كۆردۈمكى، جۇڭگو - ئافرىقا ئىككى تەرەپ بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، باشلىقلار يىغىنىنىڭ نەتىجىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، بىر تۈركۈم خۇشاللىنارلىق دەسلەپكى نەتىجىلەرنى شەكىللەندۈرۈپ، جۇڭگو - ئافرىقا خەلقلىرىگە ئەمەلىي پايدا ئېلىپ كەلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلمىگەن زور ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىگە دۇچ كەلدى، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك قەد كۆتۈرۈش ۋەزىيىتى كۈچلۈك بولماقتا. جۇڭگو - ئافرىقا ئىككى تەرەپ قول تۇتۇشۇپ ھەمكارلىشىپ، ئورتاق تەرەققىي قىلىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ كۈچىنى زورايتىش، يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت ئورنىتىش ۋە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشىدۇ. جۇڭگو - ئافرىقا ئىككى تەرەپنىڭ بۇ قېتىمقى ماسلاشتۇرغۇچىلار يىغىنىنى يېڭى پۇرسەت دەپ بىلىپ، ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، پىكىر ئالماشتۇرۇش، ئۇدۇللاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مۇنبەر بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنى نەتىجىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى ۋە جۇڭگو بىلەن ئافرىقىنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇشنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، جۇڭگو - ئافرىقىدىكى 2 مىليارد 600 مىليون خەلقنىڭ بەخت - سائادىتىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ زىچ جۇڭگو - ئافرىقا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

شى جىنپىڭ ئۇگاندا زۇڭتۇڭى مۇسېۋېنى بىلەن سۆھبەتلەشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

خەلقئارا ۋە رايون ئىشلىرىدا زىچ ھەمكارلىشىشنى ساقلىدى. جۇڭگو تەرەپ ئۇگاندا تەرەپ بىلەن بىرلىكتە تىرىشىپ، «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش ۋە جۇڭگو - ئافرىقا ھەمكارلىق مۇنبىرى بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنى نەتىجىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى پۇرسەت بىلىپ، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ ياخشى بەخت يارىتىشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو بىلەن ئۇگاندا داۋاملىق بىر - بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئىتىگە چېتىلىدىغان ۋە كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلەردە ئۆزئارا چۈشىنىشى، ئۆزئارا قوللىشى كېرەك. جۇڭگو تەرەپ ئۇگاندا تەرەپنىڭ ئۇگانداغا خاس تەرەققىيات يولىدا ئىزدىنىشىنى قەتئىي قوللايدۇ، ئۇگاندا تەرەپ بىلەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەجرىبىلىرىنى ئالماشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بېيجىڭ باشلىقلار يىغىنىدىكى «سەككىز چوڭ ھەرىكەت»نى چوڭقۇر ئۇدۇللاشتۇرۇپ، ئۇل ئەسلىھە قۇرۇلۇشى، سودا، ئېنېرگىيە، يېزا ئىگىلىكى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش، ئادەم كۈچى بايلىقى، سانائەت باغچە رايونى، ساياھەت قاتارلىق ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، جۇڭگو كارخانىلىرىنى بازارلاشتۇرۇش پرىنسىپى بويىچە ئۇگانداغا مەبلەغ سېلىشقا قاتنىشىشقا ئىلھاملاندۇرۇپ، مۇنبەر باشلىقلار يىغىنى نەتىجىلىرىنىڭ ئۇگاندادا تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ياخشى ئەمەلىيلىشىشىگە تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ ئۇگاندا تەرەپنىڭ رايون تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى قوغداشتا جارى قىلدۇرغان ئاكتىپ رولىنى تەرىپلەيدۇ، ئۇگاندا تەرەپنىڭ ئۆز دۆلىتىنىڭ خەۋپسىزلىكىنى قوغداش تىرىشچانلىقىنى قوللايدۇ. جۇڭگو بىلەن ئۇگاندا بايرىقى روشەن ھالدا قورۇقچىلىق، يەككە تەرەپچىلىككە ئورتاق قارشى تۇرۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى يادرو قىلغان خەلقئارا سىستېما ۋە خەلقئارا تەرتىپنى قوغداپ، يېڭىچە خەلقئارا مۇناسىۋەت ۋە ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا كۈچ چىقىرىشى كېرەك.

مۇسېۋېنى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو بىلەن ئافرىقا ئۇزاق مۇددەت دوستانە ئۆتكەن دوستلار. ئافرىقىنىڭ مىللىي ئازادلىقى ۋە دۆلەت قۇرۇلۇشىدا جۇڭگو قىممەتلىك ياردەم بەردى. ئۇگاندا جۇڭگونىڭ ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن غايەت زور تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە قايىل، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشنى خالايدۇ. ئۇگاندا تەرەپ ئۇگاندا - جۇڭگو ئومۇميۈزلۈك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىشنى پۇرسەت بىلىپ، ئىككى تەرەپنىڭ كەڭ ساھەلەردىكى ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىدۇ. يەككە تەرەپچىلىك ئىنتايىن خەتەرلىك، ئۇگاندا بىلەن جۇڭگو بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك ئىشلاردىكى پىكىر ئالماشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىشى كېرەك.

سۆھبەتتىن كېيىن، ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى ئىككى تەرەپ ھەمكارلىق ھۆججىتىنىڭ ئىمزالىنىشىغا ئورتاق گۇۋاھ بولدى.

ياڭ جېيچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار قاتناشتى.